# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ھەر قاچان بىر نەرسە سورالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ ياق دەپ باققان ئەمەس

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ھەر قاچان بىر نەرسە سورالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ ياق دەپ باققان ئەمەس». ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام ئۈچۈن ھەر قاچان بىرەر نەرسە سورالسا ئۇنى بېرەتتى، بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر نەرسە سوراپ كېلىۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر توپ پادىنى بېرىۋەتتى، ئۇ كىشى مەھەللىسىگە قايتىپ بېرىپ: ئى قەۋمىم! مۇسۇلمان بولۇڭلار! ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورۇقمايدىغان كىشىدەك بېرىدىكەن، دەيدۇ، گەرچە بىر كىشى مال-دۇنيا ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىسلام ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈك بولۇپ كېتەتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بىرەر كىشى دۇنياغا ئالاقىدار بىرەر نەرسىنى سوراپ قالسا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە بەرمەسلىكنى مەقسەت قىلىپ ياق دەپ باقمىدى. بەلكى يېنىدا بار نەرسە بولسا بەردى، ياكى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ :«بىر نەرسە سورىغۇچىغا قوپاللىق قىلما» دېگەن ئايىتى بويىچە، چىرايلىق سۆز قىلىپ قايتۇراتتى. ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ ئادابۇل مۇفرەد ناملىق ئەسىرىدە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەك كۆيۈمچان بولغانلىقى ئۈچۈن بىرەرسى بىر نەرسە سوراپ كەلسە، يېنىدا بولسا بېرەتتى، يېنىدا بولمىسا كېيىن بېرىشكە ۋەدە قىلاتتى». بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئادابۇل مۇفرەدنىڭ ئىزاھاتى145-بەتتە ھەسەن دەپ كەلتۈرگەن، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ يەيدىغان بىر نەرسە سورايدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ يېنىغا يەيدىغان نەرسە بارمۇ؟دەپ ئادەم ئەۋەتىدۇ، ئۇلار: بىزنىڭ يېنىمىزدا پەقەت سۇ بار دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بۇ كىشىنى كىم مېھمان قىلىۋالىدۇ؟» دېگەن. بۇخارى رىۋايىتى(3798). بۇخارى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە(2093)سەھل ئىبنى سەئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، بىر ئايال بىر تون چاپاننى ئېلىپ كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇنى سىلىگە كەيدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۆز قولۇم بىلەن توقۇغانتىم دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئالدى ۋە ئۆيگە كىرىپ ئۇنى كېيىپ چىقتى، جامائەتنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كىيىمنى ماڭا بەرگەن بولسىلا؟دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ماقۇل بېرەي» دەپ شۇ سورۇندا ئولتۇردى، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئۇ كىيىمنى قاتلاپ ھېلىقى كىشىگە چىقارتىپ بەردى، سورۇندىكىلەر ھېلىقى كىشىگە كايىپ: سەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بۇ كىيىمنى سوراپ ياخشى قىلمىدىڭ، سەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە سورىغان كىشىنى قۇرۇق قايتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟ دېدى، ئۇ كىشى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنى پەقەت ۋاپات بولغان كۈنۈمدە كېپەنلىكىم قىلىش ئۈچۈن سورىدىم دېدى، سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ كىيىم ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ كېپەنلىكى بولدى، دەيدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە سورىغان كىشى بىلەن بولغان ئەھۋالى، سورىغان نەرسە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولسا گەرچە ئۇنىڭغا ھاجىتى بولسىمۇ ئۇنى سورىغۇچىغا بېرەتتى، ئەگەر يېنىدا يوق نەرسە بولسا، بىر نەرسە سورىغان كىشىگە چىرايلىق كۆڭۈل قويۇپ قوياتتى

ياكى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بېرىشكە ۋەدە قىلاتتى ياكى ساھابىلارنى ئۇ كىشىگە ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيتتى، مانا بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سېخىيلىقى، ئېسىللىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقىدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3885